□ پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

### شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتى كەسكىن بايانات ئېلان قىلدى

# پومپېئونىڭ سۇيىقەستى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ

يېقىندا ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو ئاتالمىش «بايانات» ئېلان قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭ دىن، سۆز ۋە ھەرىكەت ئەركىنلىكىنى چەكلىدى دەپ يەنە بىر قېتىم بوھتان چاپلاپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىنى ھەدەپ تارقىتىپ، قىلچە ئاساسى بولمىغان بۇ ھۇجۇم، قارا چاپلاشلار پاكىتقا تامامەن ئۇيغۇن ئەمەس. بۇنىڭغا شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدۇ!

شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە ئەركىنلىككە ئىگە. شىنجاڭدا ھازىر ھەر دەرىجىلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدىن 103ى بار بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭنىڭ بارلىق ناھىيە، شەھەر، رايونلىرىدىكى دىنىي زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنى قاپلىدى ھەم ئۇلارغا مۇلازىمەت قىلدۇ. بىزنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتىمىز، ئائىلىۋى، ھەر كۈندىكى بەش ۋاق ناماز ئوقۇش، دۇئا قىلىش، دىنىي بايرام ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار ھەم مەسچىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىشمۇ بولىدۇ، ھەم دىنىي ئادەت بويىچە ئۆز ئۆيىدە ئېلىپ بېرىلىشمۇ بولىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى تامامەن ئۆز ئالدىغا، ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن بولىدۇ. ھەر يىلى رامىزان ئېيى مەزگىلىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ روزى تۇتۇشى ياكى تۇتماسلىقى تامامەن شەخسلەرنىڭ خۇسۇسىي ئىشى، ھېچقانداق كاشىلىغا ئۇچرىمايدۇ. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت دوختۇر ـ سېستىرالارنى مەسچىتتە داۋالاش مۇلازىمىتى قىلىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، قەرەللىك ھالدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈپ، ماسكا بىلەن تەمىنلەپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەپ، دورا تارقىتىپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بىخەتەر، ئازادە مۇھىتتا نورمال دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭدا ھېچقانداق بىر مۇسۇلمان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى سەۋەبلىك كەمسىتىشكە ۋە ئادىل بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىمىدى.

شىنجاڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى. 1996 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى نۇرغۇن مۇسۇلمانى ھۆددىگە ئالغان ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىشقا تەشكىللىدى، ھۆكۈمەت ئۆمەكتىكىلەرنى داۋالاش، تەرجىمە ئىشلىرى قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەپ، ھەج قىلىش پائالىيىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شىنجاڭ ئىسلام دىنى دىنىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى خەنزۇچە، ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە قاتارلىق تۆت خىل يېزىقتا «قۇرئان كەرىم» «سەھىھۇل بۇخارى ھەدىسلىرىدىن جەۋھەرلەر» قاتارلىق دىنىي كلاسسىك كىتابلارنى تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇرۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ دىنىي شۆيۈەن ـ مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە دىنىي خادىملاردىن 70 نەچچە ئادەمنى مىسىر ئەزھەر داشۆسى، پاكىستان خەلقئارا ئىسلام داشۆسى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش، بىلىم ئاشۇرۇشقا تاللاپ ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ دىنىي بىلىم سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلدى.

شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ تاشقى ئالاقە پائالىيىتى مول بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر ـ دوستانە بولۇش ئاساسىدا، پائال تۈردە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەت دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە دۆلەت سىرتىدىكى دىن ساھەسىدىكىلەر بىلەن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتتۇق ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردۇق، مۇستەھكەملىدۇق. رۇسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى داڭلىق دىنىي زاتلارنى ئۈرۈمچى شەھرىدە «ئىسلام دىنى ئوتتۇرا يول ئىدىيەسى خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنى» ئېچىشقا تەكلىپ قىلدۇق، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئەرەب دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى، ئىسلام دۇنياسى ئىتتىپاقى ھەمدە ھىندونېزىيە، مالايسىيا، ئافغانىستان، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، پاكىستان، لىۋىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ دىنىي تەشكىلاتلىرىنى شىنجاڭغا ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتكە كېلىشكە تەكلىپ قىلدۇق. شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى يەنە تەكلىپكە بىنائەن ھىندونېزىيە، مالايسىيادا زىيارەتتە بولۇپ، شۇ جايدىكى ئىسلام دىنىي تەشكىلاتلىرى بىلەن ئىلىم ئالماشتۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەسەبىيلىككە قارشى تۇرۇشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىلەندى. شىنجاڭ ئىسلام دىنى دىنىي خادىملىرى ۋە دىنىي شۆيۈەن ـ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى كۆپ قېتىم «قۇرئان» خەلقئارا تىلاۋەت قىلىش مۇسابىقىسىدە مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، شىنجاڭ دىن ساھەسىدىكىلەرنىڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت ۋە ئىلىم ئاساسىنى نامايان قىلدى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ۋارىسلىق قىلىنىشى كاپالەتكە ئىگە. شىنجاڭ ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنى ئاچقاندىن سىرت، يەنە ئىلى، سانجى، ئۈرۈمچى، تۇرپان، ئاقسۇ، قىزىلسۇ ئوبلاستى، قەشقەر، خوتەندە يېڭىدىن سەككىز شۆبە شۆيۈەن قۇرۇپ، ھەر يىلى بەلگىلىك ساندا تولۇق كۇرس، ئالىي تېخنىكوم، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، بىر تۈركۈم زاپاس ئىسلام دىنى دىنىي خادىملىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈردى. شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ۋە ئۇنىڭ سەككىز شۆبە شۆيۈەنىدە قانۇن ـ نىزام، دىن بىلىملىرى، ئىدىيە ـ سىياسىي قاتارلىق دەرسلىكلەر تەسىس قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە دىن دەرسلىكىدىن «ئەرەب تىلىدىن ئاساس» «قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئىلمى» «قۇرئان تەپسىر ئىلمى» «ھەدىس ئىلمى» «ئىسلام دىنى ئەقىدىسى، قائىدە ئىلمى» قاتارلىقلار بار. دىن دەرسى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ بەزىلىرى جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنى پۈتتۈرگەن، بەزىلىرى مىسىر ئەزھەر داشۆسى، لىۋىيە ئىسلام داشۆسىنى پۈتكۈزگەن. ھازىرغا قەدەر، جۇڭگو ئىسلام دىنى شۆيۈەنى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنى ۋە ئۇنىڭ سەككىز شۆبە شۆيۈەنى ئارقىلىق ماگىستىر ئاسپىرانت، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىسى، ئالىي تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى، ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىدىن جەمئىي 4000دىن كۆپرەك ئادەم تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈلۈپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنىڭ ساغلام ۋارىسلىق قىلىنىپ تەرەققىي قىلىشى ئىختىساسلىقلار كاپالىتى بىلەن تەمىنلەندى.

شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىلىق، شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولدى، تەرەققىيات سىجىل ياخشىلاندى، خەلق خاتىرجەم ياشاپ، خۇشال ـ خۇرام ئىشلىمەكتە. شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى. شەھەر ـ يېزىلارنىڭ ئاساسىي ئامما مۇلازىمەت سەۋىيەسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى كۈنسېرى مۇكەممەللەشتى، ئاھالىلەرنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە سۇغۇرتىغا قاتنىشىش نىسبىتى 99.7%كە يەتتى، ھەر مىللەت ئامما ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولدى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە 3 مىليون 64 مىڭ 900 نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسى نامراتلىقتىن قۇتۇلدى. مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىقتىسادىي تەرەققىيات، جەمئىيەت مۇقىملىقى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مول نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولدى. 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشى يىغىنى قارار ماقۇللاپ، شىنجاڭنىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلىدى.

بىزنىڭ جۇڭگودا مۇنداق بىر ماقال بار: «ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكى كىيگەن كىشىنىڭ ئۆزىگە ئەڭ ئايان». جۇڭگونىڭ دىن سىياسىتىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا، شىنجاڭنىڭ دىن ئەھۋالىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىغا شىنجاڭدىكى مۇسۇلمانلار ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ساھەسى ئەڭ بىۋاستە تەسىراتقا ئىگە. كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئاتالمىش شىنجاڭ «ئىرقىي يوقىتىش» مەسىلىسى پۈتۈنلەي ئاپئاشكارا يالغان ـ ياۋىداق سۆز، پومپېئو قايتا ـ قايتا شىنجاڭغا ئالاقىدار دىن مەسىلىسىدە پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، ئىغۋا تارقىتىپ، بۇ ئارقىلىق بىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىمىزگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ تەستە قولغا كەلگەن مۇقىملىق ۋەزىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىشقا، خەلقئارا جەمئىيەت ئاممىۋى پىكرىنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلەشكە تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى، ئۇنىڭ رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە يامان نىيىتى تولۇق ئاشكارىلاندى، ئۇنىڭ شەرمەندە سۇيىقەستى ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى ھەرگىز ئەمەلگە ئاشمايدۇ. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: «سىلەر ئۇزاققا قالماي كىمنىڭ ھاقارەت قىلغانلىقتىن جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى، يەنە كېلىپ كىمنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىسىلەر.» بىز يەنە بىر قېتىم پومپېئوغا شۇنى رەسمىي يۇسۇندا ئۇقتۇرىمىزكى، ساختا نىقابىڭنى يىغىشتۇرۇپ، بىمەنە بوھتان چاپلاش ۋە قارا چاپلاشنى توختات، دىنىنىڭ مۇقەددەس نامىغا يەنە ھۆرمەتسىزلىك قىلما، سېنىڭ ئاتالمىش «باياناتىڭ» مۇقەررەر بىر ۋاراق كېرەكسىز قەغەز!

# يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى توسۇپ قالالمايدۇ

□ شىنجاڭ گېزىتخانىسى 2 ـ تەھرىر بۆلۈمى گېزىت چىقىرىش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى ئىلھام ئىمىن

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى پومپېئو «ئەڭ ئاخىرقى غالجىرلىق»نى ئويناپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار بىر قاتار بىمەنە سەپسەتە ئېلان قىلىپ، غالجىرلارچە، تەلۋىلەرچە شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلدى ۋە قارا چاپلىدى. پومپېئو جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلىپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە يامان غەرەز بىلەن ھۇجۇم قىلدى، بۇ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشقانلىق، خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئاساسىي مىزانىنى ئېغىر دەپسەندە قىلغانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ زومىگەرلىك رەزىل ئەپت ـ بەشىرىسى ۋە يامان غەرىزىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىپ بەردى. مەن بۇنىڭغا قەتئىي قارشى تۇرىمەن ۋە كۈچلۈك ئەيىبلەيمەن.

پومپېئو: شىنجاڭ ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قارىتا «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش»نى يولغا قويدى، «ئىرقىي يوقىتىش جىنايىتى» شەكىللەندۈردى، دەپ بىلجىرلىدى، ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى پۈتۈنلەي تۇترۇقسىز گەپ. بىز پاكىت بىلەن سۆزلەيمىز. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭدا ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى ئىزچىل سىجىل ئاشتى. ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2010 ـ يىلدىن 2018 ـ يىلىغىچە، شىنجاڭدا دائىم تۇرۇشلۇق نوپۇس 21 مىليون 815 مىڭ 800 ئادەمدىن ئېشىپ 24 مىليون 867 مىڭ 600 ئادەمگە يېتىپ، 3 مىليون 51 مىڭ 800 ئادەم كۆپىيىپ، 13.99% ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە: ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسى 10 مىليون 171 مىڭ 500 ئادەمدىن ئېشىپ 12 مىليون 718 مىڭ 400 ئادەمگە يېتىپ، 2 مىليون 546 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 25.04% ئاشقان؛ خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسى 8 مىليون 829 مىڭ 900 ئادەمدىن ئېشىپ 9 مىليون 6800 ئادەمگە يېتىپ، 176 مىڭ 900 ئادەم كۆپىيىپ، 2.0% ئاشقان. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپلا قالماي، باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىنمۇ يۇقىرى، خەنزۇ مىللىتىنىڭ نوپۇسىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك يۇقىرى بولغان. مېنىڭ ئىككى بالام بار، بالىلىرىم ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىدە خۇشال ئۆسۈپ يېتىلىۋاتىدۇ. ئوغلۇم داشۆنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە قاتناشتى، قىزىم شاڭخەيدە داشۆدە ئوقۇۋاتىدۇ. بالىلىرىم تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، بىز ھېچقانداق ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش تەدبىرى قوللانمىغان، ئەتراپىمدىكى تۇغقانلىرىم، دوستلىرىممۇ ھەم شۇنداق، قانداقتۇر «مەجبۇرىي تۇغماس قىلىش» ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. دۇنيادا نوپۇس مۇشۇنداق تېز سۈرئەتتە ئاشىدىغان ئاتالمىش «ئىرقىي يوقىتىش» بولامدۇ؟ پومپېئو پۈتۈنلەي يالغان سۆزلىدى.

پومپېئو يەنە شىنجاڭ «ئۇيغۇر مىللىتى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سالدى» دەپ بىلجىرلىدى، بۇ، پۈتۈنلەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن كەسىپ تاللاپ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمگەك قانۇنى» قاتارلىق قانۇن ـ نىزاملار بويىچە، باراۋەر، ئىختىيارلىقتا بولۇش پىرىنسىپىغا ئاساسەن، ئالاقىدار كارخانىلار بىلەن قانۇن بويىچە ئەمگەك توختامى ئىمزالاپ، تېگىشلىك ھەققە ئېرىشتى، ئۇلار ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان جايىنى تاللاشتىمۇ ئەركىنلىكتىن تولۇق بەھرىمەن بولدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى پائال كېڭەيتتى. نۇرغۇن ئادەمنىڭ مۇقىم خىزمىتى بار بولدى، كىرىمى كاپالەتكە ئىگە بولدى، ئۇلار تىرىشىپ ئەمگەك قىلىش ئارقىلىق گۈزەل تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

شىنجاڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشىدا، روھىي قىياپىتىدە مۇشۇ يىللاردا چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولدى، پۇقرالارنىڭ ھەميىنى بارغانسېرى تومپايدى، كۈنلىرى بارغانسېرى ياخشىلاندى، كۆڭلى بارغانسېرى ئازادىلىككە تولدى، تەبەسسۇمى بارغانسېرى جىلۋىلەندى.

بىز ئولتۇرۇۋاتقان ئولتۇراق رايونىغا خوتەندىن بىر قانچە يىگىت كەلدى، ئۇلار ئولتۇراق رايوندا ئامانلىق ساقلىغۇچى بولدى، ھەممىسى ئۆز خىزمىتىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. پاراڭلىشىش ئارقىلىق شۇنى بىلدىمكى، ئۇلار ئىلگىرى يېزىدا پارچە ـ پۇرات ئىش قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن، ھازىر ئۇلار ھەر ئايدا 3000 يۈەندىن كۆپرەك مائاش ئالالايدىكەن، بانكىغىمۇ پۇل ئامانەت قويۇپتۇ، ھېيت ـ بايراملاردا ئائىلىسىدىكىلەرگە يەنە سوۋغات سېتىۋالالايدىكەن، ئۇلار ھازىرقى تۇرمۇشىدىن ئىنتايىن رازى ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە، «گۈزەل تۇرمۇش ئەمگەك ئارقىلىق يارىتىلىدۇ» «بەخت كۈرەش قىلىشتىن كېلىدۇ» قاتارلىق ئىدىيەلەر كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ئۇلارغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق تۇرمۇشىنى ياخشىلىغان ھەم جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ، ئەجىبا بۇ مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشمۇ؟ پومپېئو شىنجاڭنىڭ ئەمگەك ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىغا ھۇجۇم قىلىپ ۋە قارا چاپلاپ، ئۆزىنى نومۇسسىزلارچە «پىتنە ـ ئىغۋا توقۇش ماشىنىسى»غا ئايلاندۇردى.

مىڭ ئېغىز يالغان ـ ياۋىداق سۆز بىر پاكىتنى يوشۇرالمايدۇ: بۈگۈنكى كۈندىكى شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى سىجىل مۇقىم بولۇپ، ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ، ئىقتىسادى تەكشى، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، خەلق تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بۇ پاكىتلارنى پومپېئو كۆرەلمەيدۇ، شۇنداقلا كۆرۈشنى خالىمايدۇ. ئۇنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان نۇرغۇن گەپ ـ سۆزلەرنى تارقىتىشتىكى مۇددىئاسى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇش، خەلقئارا ئاممىۋى پىكرىنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلەش. بىز پومپېئونى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىپ، يالغان ـ ياۋىداق سۆز توقۇشنى توختىتىپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىلەردىن پايدىلىنىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلىشىشنى توختىتىشقا دەۋەت قىلىمىز.

شىنجاڭنىڭ ئىشىنىڭ ياخشى بولغان ـ بولمىغانلىقىدا باشقىلارنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، بەلكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ دېگىنى ھېساب. شىنجاڭنىڭ تىنچ ـ خاتىرجەم بولغان، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتى تەستە قولغا كەلگەن، بىز ھازىرقى گۈزەل تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ قەدىرلىشىمىز كېرەك. مەن شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۈرەش قىلىشى ئارقىسىدا شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرى تېخىمۇ گۈللىنىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ. ۋەتەننى پارچىلاش ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق قىلمىش مۇقەررەر ھالدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. شىنجاڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭى، ۋەتەننىڭ ئىللىق قوينىدا شىنجاڭنىڭ ئەتىسى مۇقەررەر تېخىمۇ گۈزەل بولىدۇ!